M.D. Doc 1

ئويغانايلى، ئويغانش دوری كيلدی !

# شرقى تۇركستان اسلام

حكومتيننك رئيسى على خان

تورەم جناب عاليلرينك

سوزليگەن

نطقى.

1364—1945

جمادى الاول — ماى

# 1

لاالهالاالله محمد رسول الله.

الله ربمز' محمد پيغمبرمز ، اسلام دينيمز ، شرقى توركستان وطنيمز ، ئويغانايلى ئويغانش دورى كەلدى ،

قيريندأش و وطنداشلار !

هر بر ئادام بالاسى اصلى يارالشدا مدنيت ، معارف ، هنر ، صناعتنى ايگەلەش قابليتى بلەن يارالمشدور ، كون چقشدا توغولغان بر باليننك وجوديدا ، كون پيتقش انسانلارينك قابليتى بارليغى شبهەسزدور ، فقط بو قابليتن وجودقا چقرش ئوچون علم ئوقوماق ، تربيه كورمەك لازمدور ، علمسز ، تربيەسز بولغانلار ئوز وجوديدكى قمتلك معدنلاردين. فائيدالينالمايلا قالماسدين بلكى حيوانلار قاتاريدا ياشيماققا مجبوردر ، بو حقيقتنى هيچ كم انكار قلالمايدو ،

شالى شرقى توركستاندا يلشيغوچى نەچچە ميليونلغان وطن باليلارى شو كونگەچيلك وجودلارديكى قمتلك گوهرلردين

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

فائیدەلنشقا امکانیت ئاپالمای کەلدی ، مدنیت ، معارفدین
محروم قلب نەچچە یەزیللارحیوانقاناریدا ، قوللقدا ،
ئاسارەتدە یاشاپ کەلدی ؛ علمسز ، ملنیتسز ، ظالم قارا
خطایلارنڭ قارا سیاستی ئاستیدا ئیزلگەن مسلمانلارنڭ
بتونلەی دیگیلمک قابلیتلەری ( یارامقلاری ) یوقولشقا
یوز قویدی ؛ اسلامیتنڭ گوزەل اخلاقلاری بوزلدی ،
دینی ، مللی ، وطنی - تویغو حسیاتلاری عاجزلنشقا
توردی ، بونی کورگەن مکار طمعخور خطای حکومیتی
فرصتنی غنیمت بلیپ دینیمزنڭ ، ملتیمزنڭ وەهم
وطنیمزنڭ قصدیگە توشدی ، بو توغرلق پلان توزب ،
ئوچ طرفلاب هجوم باشلیدی ،

قیرنداش ؛ وطنداشلار !

ئیمدی یادیڭزدین چقمیدەکیدو بولمیدی ، بو ظالم
خطایلار بزمسلمانلارغاقانداق وحشیلکلارینی کورسەتدی ،
قانداق قارا کونلەرنی بشیمزغا سالدی ، بزلەرنڭ



( چوڭ علما ) دین باشقالار یەمز ، قدرلك تجار ( بای
سوداگر ) لریمز ، الوغ یاشلق حاجی الحرمین یورت
ئاتالرمز ، ضیالی ( ئوچوق فکرلك ) وطن پرور
بالیلریمز ، توغولغان قەدلك ذاتاریمز ناحقدین ناحق
ئویاتسز ، وجدانسز ظالم خطای حکومتینڭ قوش
خانلیریدا ، وحشی خطایلارنڭ ئوز کوکللریدیکدەك
قارا ئشقو ، سوسق ، زەی زیندان - تورمەلریدە کوز
کورمیگەن ، قولاق ئاڭلیمیغان تورلك تومان قیناشلار
ئاستیدا عذابلینب ئولتوروالدی ، هانا بو حقیقت هرکەنڭ
یورەکنی چیدەمەت بولب ، کوزلریدا کورلوب تورسە ، ظالم خطای
حکومیتی بونی قانداق یوشورالیسون ؟ ! ، بو بیچارەلارنڭ
بتون مال ملکلاری ، قورا - جای یەر - زیمنلاری مصادرە قلندی ،
خاتون - بالا ئوغول قزلری ئویسز - مکانسز ، ئاچ - الانفاچ
قالب کوچیلاردا سرسان بولدی . خطای وحشیلاری بولوکەبمو
تویماسدین گوناهسز خوتون ، قز ، ئوغوللارنی ئوز

مكانلاريدين هايداب چقريب‌ييراق طرفلارگه پالاپ ؛ قاماقق
ئيلب سرگردانلققا سالدى ؛ بوناڭ بله‌ن برابر بوقانخور
ظالملارنڭ عمومى خلق ئوستيدين قلغان جبر-جفالرى
تاقتدين تاشقرى بولاپ حددين زيياده ئاشدى .

مانائش شو حالغايتب ، بتون خلق جانيدين جاق تويب
تورغان بر مزگلده . ظالمنڭ زاوليني بيريمن»» ديگه‌ن
اللهنڭ بوزلماس وعده‌سيگه اشينب ، بز غولجه اهلى
بتون وطنداشلاريمزبله‌ن بر اتفاقدا ، تاپاق ، توقماق ،
ئارا-گوجه‌كله‌ر كوتوروب ، ظالملارغا قارشى قوزغالدوق.
برلك‌اتفاقلق‌شرافتيگه ئيگه بولغان : كوپنڭ كوچى اللهنڭ
كوچى»» ديگه‌نده‌ك ، ئاز كون ئچيده ظالم‌خطاى‌حاكميتيني
ئاغدوروب تاشلاپ ، اسلام حكومتيمزنى قوردوق. خطاى
قانخورلارينڭ ظلوم استبداد باپراقلاريني ئاياق-ئاستيمزغا
ئيلب ، دەسساپ كويدوردوق . ئاتا-بابالاريمزدين مراث
بولوب قالغان ئاي‌يۇلدز تامغالق ؛ دينو شماريمز كلمه



طيبه بيزلغان عدالتليك ئاق بايراغيمزلى ئيگز
كوته‌ردوق. بومقدس توغ بايريغيمزنڭ ناموسيني، حرمتيني،
ئولوغليغيني چداملق بله‌ن آيدگه ساقلاميز ده‌ب بتون
مسلمانلار ئانت.قـلـه‌ر. ئچيپ قوللريمزغا قورال توتدوق،
محمد صلعمنڭ: ظالملارغا قارشى مال، جانلارلى ئاييماى
سوقوشو كلار. اللهنڭ ياردمى بله‌ن دوشمنلريڭزلى
ييڭيب ، دونيادا راحت‌، ئاخيرتده جنت تاپيسزلر»»
ديگه‌ن مبارك سوزيني عملگه ئاشروب، اونڭ ياخشى
نه‌تيجه‌لريني كوردوق• ييڭى زامان‌قورالى بله‌ن قوراللانغان
ظالم خطايلارنڭ چرياك چيريكلرى گوللدورليگه‌ن
تكبير داوشلريمز بله‌ن قلغان هجوملريمز ئالديدا طاقت
قلاتالماى پريشان حالده قيچشقا توردى• ساى-سايلارنڭ
ايچيده جرا-جرالاردا وطن باليلرى-قهرمان عسكرلريمز
ظالم‌خطاى‌چيركلرينڭ قالدوقلريني قوغلاپ يوروب، تيريب ،
چيپ تار-مار كه‌لتردى. خطاى وحشيلرى بز مسلمانلار

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

ئوچون قصدلاب قازغان چوڭقورلارىغا ئوزلرى بوزى
توبەن بولوب يىقىلدى. «وسيعلم الذين ظلموا اى
منقلب ينقلبون» ئايت كريمەنىڭ مضمونىغا مثال بولوشدى.
دوشمەنلىرىمىزنى يعنى ظالم خطاى حاكميتىنى ئيلى توپرىغىدىن
بتوّنلەى قازلاب حقانيت ، عدالتكە اساسلانغان اسلام
دولتىمىزنى قوردوق. هرباخ ئيلاقىنىڭ ئيشيگى بتون خاقنىڭ
يوزىگە ئىچىلدى. دينى ئشلارىمىز ئوستىدىن نظارەت
دينيە ادارەسىنى ئاچدوق. مسلمانلارنىڭ بوتون ئشلارىنى
دعوا سوراقلارىنى عدليە ، شريعت محكمەگە تاپشوردوق.
محترم ظريفى قارىم حاجم حاجىلارىنى محكمە شرعيەدە علمالار
دين مركب.. اعضالار ئوستىگە رئيس سايلىدوق.
عبدالمتعالى خلفەنى دينيە نظارتىگە باشلاق تعيين قىلدوق.
اسلام ئاچلدى ، شريعت حكملارى جارى بولدى.
قارا كوڭللەر ئاقرىشقا باشلىدى حقيقت ئاشكارا بولوب
ميدانغا چقدى.



عزيز قيرنداشلار !

ئاگاه بولوشلا ، غفلت اويقودىن كوزئيچب اويغونش
واقتىڭلا كەلدى ئالداماچى وەم اولارنىڭ افلاس يالاقچيلارى
ئوزلارىنىڭ چرك مقصدلارىگە يىتش ئوچون باشقا چارا
تاپالماسدىن ساده كوڭوللوك مسولمان قيرنداشلارىمىزنىڭ
ئارالارىغا اغوا.فتنە سوزلار تارىتشى مكيندر .

قيرنداش وە باشقا وطنداشلار !

وحشى دوشمنلارنىڭ ، وطن خائينلارىنىڭ هر تورلى ،
هر شكلديكى زهر-اوغو قاتشقان مكر-حيلەلارىگە
ئالدانماگزلار. بز مسلمان و باشقا وطنداشلار براتفاقدا
بولب ، مستقل شرقى توركستان حكومتىنى قورب بتون
مليتىمز ونسل اولادىمز ئوچون ئازادلق يولىنى ئاچدوق ،
پاخلان قوزىنى يەب ئوزگەنگەن ئاچ بورىدەك ، نچە
يوز يللار مسلمانلار قانىنى شوراب اونىڭ تاتقىنى تيتيغان
ظالم خطاى حكومتى بونىڭغا البتە راضى بولمايدو دينيدى .

ملتيني ، وطنيني اوزينك شخصي منفعتي ئوچون قربان
قيلغان خيالپرست وجدانسزبي همتلر بو اشقا چيدبيالمايدو .
دهشتلك نچچه يوز ييللاردين بيري جوڭگونڭ نابيرلماس
بر ئولكهسي بولوب كلگهن» دهب اويالماسدين مونداق
بالغان سوزني اويشتورب : تاريخ بخزيني قارا قلغوچي
قارا يوزلرتويهنيكي حقيقي فاكتلك سوزلهرني ياخشي
ئاڭلاپ كوڭلده توتسون !

شرقي توركستان خلقينك قهرمان بابالرينك قيقاس-
-چوقانلار باهن قلغان مجوملريغا ئوزلكسز بهرگهن
ضربهلريگه چيديبالماي طاقت كلتورالمهي چن
عملدار پادشاهلري ئوزوطنلريني قوغوداش مقصديده ئوچ
بيرمهك ئيلاوهبر اوزو نلقدا بولغان جايوهن سيغيلي
سلچيني ياساپ ، لاچندين قاچقان توشقاندهك سيغل
ئيچيگه كرب ئيليب ئاران جان باقغانلقيني اوئوتميسون ،
بو حقيقتني خطاي حكوميتنك اريانسز يازوچيلري



يوشورسيالرهو ، بتون دنيا تاريخي بو حقيقتكه گواهلق بيرهلهيدو.
كوننى ئيتهك بلهن ياپقيني بولمايدو . ظالم خطاي حكومتينك
شوم قدهملري شرقي توركستانغا يهتكهندين بيري شرقي
توركستان خلقلاري باشاريلهين مجبوريت ئاستيدا ئوچ
تورلك قارا دورني ئوتكهزدي: خانلق دوري ، جاڭچولڭلق
دوري ، شلڭشيسهى دوري ، برنچي بولغان خانلق دورده
مسلمانلار قارا ئكهولقدا قاراپانقاق ئيچيده نيچه يوزيللاب
جان تالشب، علم-هنردين ، ادب-اخلاقدين بتونلهى براقلاشدي.

بو دهشتلك كونلر ، ملهش عصرلر يالغز شرقي توركستان
توپريغيديلا بولماسدين ، بلكي بتون خطاي توپريغيدهيو
حكوم سوروهكهن ئيدي . بو صفتلك قارا دور حكومتي
بولغان ظالم وحشيلار بز مسلمانلارغا نيملرني بهشلهيدي.
نيملرني يادكار قالدوردي، قايسي مدنيت ، قايسي هنر صناعتني
بولدوردي؟ شرقي توركستان خلقينك بخت - سعادتيني
جوڭگونڭ قوليغا تابشرغوچي ، ئوزينك وه بتون ملتينك

ئەۋلاد گورۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

نقدیرینی جالڭ كایشی ددجدباری؛؛ نلك التیفاتیغا باغاق
دەب بلگوچی دین وەملت خائینلەری بونگغا جواب ئیتالامدو؟
دەشەر - شەرار دیكی كەنە سپلار هر یورتدیكی
بوزولغان كەنە بوزوق پاسكینەلیامبوللار قالدیغو؛؛ دەب
ئویالمیسائیدالایدو. ادب اخلاق ، دیانت طرفیدین بز مسلمان -
لارغاقماروازاق ئوغرواق یالغانچیلق بەنگەلك افیون كەشلك،
فاحشەبازلق قورقاقلق پاسكینالق - بتون اخلاقسزلقلارنی
ئورگەتدی. مانشولارغا ئوخشاش حیاتیمزنوچون زەربولغان
افلاسلقلارنی وطنیمز وەخلقیمزگە یادكار قالب قالدوروب
كەتدی .

ئیكنچیسی جالڭ جوڭلق جوڭغا میڭگولاق دوری
— جوڭخامینگوودیگەن خطایچا جمهوریت دیگەن بولیدو.
جمهوریتنلڭ قانونیدا بتون خلق حقوقدا برابر بولوب كمنڭ
قابلیتی ( پاراملیقی ) بولسا، شونوڭغا خدمت تابشوروش
لازم بولسیمو، لیكن حكومت دائرەلریدە خطایدین



شقا كمار ئورون ئابدی ؟ ! ئوزبیزلائەمەس حتی قلمیز ؛
یطمزەو ظالم خطای حكومتینىڭ ادارەلریدە حقارتلەندی ،
فسەنلەبولدی. بودورەوئالدنقی دورنڭ قارا كغولق تونلاری
یغولوق كونلارینىڭ پاردەچیسی - قوشومچیسی بولب
زدی؛ بو دوردە ظالم خطای حكومتینىڭ قلغان وظیفەسی
اللق دوریدیكی مسلمانلارغا قلغان ظلوم - تقدیرلەرینی
والوقلاش بولدی. شونڭ بلەن برابر بو قارا دوردە
اشیغوچی مسلمانلار جان تالیشب یوروب، ئوچنچی
ورگە ئاراتلانیرشدی. ئوچنچی دورنی ــ شڭدوبەن استبداد
وری، ئالدامچیلار دوری یاكی قانخورلار دوری دەب
ایتساق البتە خطا دیمیگەن بولامز؛ چونكی بتون مسلمانلار
باشقا وطنداشلار بو ئوچ تورلوك دەشتلك احوالنی ئوز
اشلاریدین كوچوردی؛ بودورنڭ كەلتورگەن قلغان فاجعەلری،
مشتلك كونلەری، ظلوم استبدادلری، ئالدامچی قانخورلارنڭ
لغان وحشیلكلری هر كمنڭ كوز ئالدیدا بولوب

اوزغانلقدین' کوڭل صحیفهلریگه یېزیلب ئوچمهی
خط بولغانلقدین' ینه تکرار ئایتب ئولتوروشنی خاج
قایمیدیم

مسلمان قېرنداشلا و وطنداشلا !

امدی شو قېرنداشلار کوز ئالدیمزدین ئوتوب تورغلوق ، بشیمزدین ئوتکهن ترجمه حاللارنی کورو توروغلوق ، ینیمو ئالدانساق' وحشی دوشمهنلرنڭ ئالدام خالتالریغا تیخیمو توشسهك ، وجدانسز جائینلارنڭ یاغلیما سوزلهریگه ئشهنسهك ئوزیمز و اولادلاریمزنڭ بخت - سعادتینی ، بز مسلمانلار نڭ هلاکتگه ئورا کولاماراب تۇرغاندین دۇشمینی' خدا دۇشمینی' خلق دۇشمینی بولغان جالڭ کای شی نڭ „التفانیغا" تاپشوروساق' ئوزقولیمز بلهن زهر' ئچکهن' ئوز ئایاغیمزغا کهکه چاپقان بولمایمزمو؟ ! „یلان چققان توشککه قول سالما'لار ظالملارغا دوست بولما'لار" دیگهن اللهنڭ امریگه



پیغمبریمز محمدعلیهالسلامنڭ حکمتلك سوزیگه قارشلیق قلغان بولوب' ئیککیلا دنیادا بز مسلمانلارنڭ یوزیمز قارابولمامدو؟ !

امدی بز مسلمانلار' هیچ قاچاندا ئالدانمایمز: یلان چققان توشوککه کوروب توروب قول سالمایمز' ئهڭ یاخشیسی خطای حکومتی شرقی توركستان یېری ئوستیده' اوبلیغان حاکمیت خیالینی مېنسیدین چقریب تاشلاب' ئوزلرینڭ ئانا مکانی - اصلی وطنلری بولغان شیمالی جوڭگونی یاپون جهانگیرلیگیدین قوتقوزوب ئیلش چارهسینی قلسون ! ئوزلرینڭ الڭبای' الڭ گوزهل جایلرینی باغ - بوستان تاغلرینی یاپون جهانگیرلریگه تاپشوروب شرقی توركستان خلقینڭ اصلی وطنی - ئانامکانیغا باسقونچیلق قلشدین توبالسون ! علمسز ، مدنیتسز خطای حاکمیتنڭ استبدادی ئاستیدا نهچچی یوز یللاب ئیزلب - یانچیلب کهلگهن شرقی توركستاننڭ 95 پروتسینت خلقینڭ ئوز

ئەۋلاد گورۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولیازمىلار ئامبىرى

ئازادلیغی ئوچون قلغان سوقوشینی، هر - بر مدنیتلی
خلقچلی انسانیت پرورجهان حکومتلری حقسز، ئورونسز
دیب تونوماسلیغیغا امانیمز کامل. خطای حکومتینک باشلیغی
جانک کیشی. قانچیلک کوچ-غیرت تابقان بولسا ئوز وطنلاریغه
باستوروب کرگن دوشمنلریگه قارشی سوقشب، ئوز
وطنلارینی بوشوتوش ئیلیشی لازم. بز شرقی تورکستان
خلقی ئوز وطنیمزگه ئوزیمز ئیگه بولالایمز. اصلی ئازاد
مکانیمزنی، نازو، نعمتلک ئونومالک تو پریغیمزنی
ر تاچه قینیمز قلغیچیلک ساقلای ئالامز، ئوزینک وهم
تینک حیاتینی بخت - سعادتینی ئوچوقشلک. بوجوقشلک
رالتیغانیغا ناپشروچی امیدسزلی مختارگه هیچ قانداق یول قویب
یمزدین اسلامنک حقلیغی ئوچون توتقان یولیمیزنک راستلیغی
چون البته دوشمنلریمزنی شک شبهه سز یینگلهیمز. خدا
گه یاردور، مسلمانلار دین قیریندا شلارنا گاه بولگلار،
دائم بولگلار [illegible] چیکیگهیتیب



ظالم خطای حاکمیتینی ئانا مکانیمز اصلی وطنیمز شرقی
تورکستان توپروغیدین ئوتب، تمورلی بلن بولوب
تاشلایمز! بتون شرقی تورکستان خلقی قولقسین،
اسرلکدین ئازاد بولوب، ئولدین کینکی نسل
اولادیمزنی ئازادلقدا یشقرب، مدنیتلک انسانلار
قاتاریدا حقوقیمزغا، وطنیمزگه ئیگه بولوب، اسلام
دینیمزنی کوتب، بو دونیادا راحتده، ئو دونیادا جنتده
یاشایمز! وهو المقصد والسلام علیکم

شرقی تورکستان خلقینک رهبری،
اسلام حکومتینک رئیسی:
علی خان توره.

باسیلیش اورنی:

ئازاد شەرقی توركستان جمهوریتی تارباغاتای
ولایەتلك دهقان ئاوازی گیزیت
ادارەسینك باسمەخانەسی

٤٧
شهری چوچەك .

ئەۋلاد كۈتۈپخانىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولليازمىلار ئامبىرى